# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ئايلاردا ھەتتا بىز ئۇ بۇ ئايدا روزا تۇتمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ، ئويلاپ قالغۇدەك ھالدا روزىسىز يۈرەتتى، بەزى ئايلاردا شۇنداق روزا تۇتاتتىكى ھەتتا بىز ئۇنى بۇ ئاينى بىرەر كۈنمۇ روزا تۇتماي ئۆتكۈزمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كېچىسى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە كۆرەي دېسەڭ، ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە، ئۇخلىغان ھالەتتە كۆرەي دېسەڭ، ئۇخلاۋاتقان ھالەتتەكۆرەتتىڭ

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ئايلاردا ھەتتا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايدا روزا تۇتمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ قالغۇدەك ھالدا روزىسىز يۈرەتتى، بەزى ئايلاردا شۇنداق روزا تۇتاتتىكى ھەتتا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئاينى بىرەر كۈنمۇ روزا تۇتماي ئۆتكۈزمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كېچىسى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە كۆرەي دېسەڭ، ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە كۆرەلەيتتىڭ، ئۇخلىغان ھالەتتە كۆرەي دېسەڭ ئۇخلاۋاتقان ھالەتتە كۆرەتتىڭ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپلە روزىسى، قىيامدا تۇرۇشى قاتارلىق شەخسى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ، ئۇنىڭ دېيىشچە: بەزى ئايلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتى ئوچۇق بولۇپ، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ ئىپتار قىلغانلىقىغا قاراپ، بۇ ئايدا نەپلە روزا تۇتمايدىكەن دەپ ئويلاپ قالاتتۇق، بەزى ئايلاردا نەپلە روزىنى شۇنداق كۆپ تۇتاتتىكى، ھەتتا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايدا تولۇق روزا تۇتىدىكەن دەپ ئويلاپ قالاتتۇق، شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىك نامازنى مەلۇم بىر ۋاقىتتا بېكىتمەيتتى، بەلكى بەزى كېچىنىڭ دەسلىپىدە، بەزى كېچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، بەزى ۋاقىتتا كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كېچە ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە كۆرۈشنى ياقتۇرىدىغانلار ئۇنى كېچىدە ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە، كېچىدە ئۇخلىغان ھالەتتە كۆرۈشنى ياقتۇرىدىغانلار ئۇخلىغان ھالەتتە كۆرەلەيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئەمەلى سەل قاراش بىلەن چەكتىن ئاشۇرۋېتىشنىڭ ئارىسىدا ئىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3769

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee